سەلتەنەتلىك 70 يىل كۈرەشچان يېڭى دەۋر
يېڭى جۇڭگونىڭ قايناق ـ تاشقىنلىق يىللىرى

# سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** (چېشپىڭ) 2013 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى «سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش توغرىسىدىكى پىكىر»نى بېسىپ تارقاتتى. «پىكىر»دە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: باي ـ قۇدرەتلىك بولۇش، دېموكراتىك بولۇش، مەدەنىي بولۇش، ئىناق بولۇش، ئەركىن بولۇش، باراۋەر بولۇش، ئادىل بولۇش، قانۇنچىل بولۇش، ۋەتەنپەرۋەر بولۇش، كەسىپچان بولۇش، سەممىي بولۇش، دوستانە بولۇش ــ سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى. سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنى خەلق مائارىپىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ جەريانىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

يادرولۇق قىممەت قارىشى بىر مىللەت تايىنىدىغان مەنىۋى رىشتە، بىر دۆلەتنىڭ ئورتاق ئىدىيەۋى ئەخلاق ئاساسى. كۈچلۈك چاقىرىق كۈچىگە ئىگە يادرولۇق قىممەت قارىشىنى بەرپا قىلىش ـ قىلالماسلىق جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىغا مۇناسىۋەتلىك، دۆلەتنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكىگە مۇناسىۋەتلىك.

2012 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيى دوكلاتىدا مۇنداق كۆرسىتىلدى: «باي ـ قۇدرەتلىك بولۇش، دېموكراتىك بولۇش، مەدەنىي بولۇش، ئىناق بولۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئەركىن بولۇش، باراۋەر بولۇش، ئادىل بولۇش، قانۇنچىل بولۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، ۋەتەنپەرۋەر بولۇش، كەسىپچان بولۇش، سەممىي بولۇش، دوستانە بولۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى پائال يېتىلدۈرۈش ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش كېرەك.» بۇ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنى ئاساسىي كاتېگورىيە بىلەن تەمىنلىدى.

پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىدا سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشكە يېڭى تەلەپ قويۇلۇپ مۇنداق كۆرسىتىلدى: سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشتە، مىللەتنىڭ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت زور ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالالايدىغان دەۋر يېڭى كىشىلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى كۆزلەش نۇقتىسى قىلىپ، تەربىيەلەپ يېتەكلەش، ئەمەلىيەت داۋامىدا يېتىلدۈرۈش، تۈزۈم جەھەتتە كاپالەتلەندۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنىڭ خەلق مائارىپى، مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش، مەنىۋى مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىجاد قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش، تارقىتىشتىكى يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە سىڭدۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ ھېسسىياتتا قەلبتىن ئېتىراپ قىلىشىغا ۋە ھەرىكەتتە ئادىتىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

خەلق ئېتىقادلىق بولسا، دۆلەت قۇدرەت تاپىدۇ، مىللەت ئۈمىدكە تولىدۇ. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، دۆلىتىمىزنىڭ ئىدىيە، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا مۇھىم، زور ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشى كەڭ كۆلەمدە ئەۋج ئالدۇرۇلۇپ، بىردەك ئىنتىپاقلىشىش، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشنىڭ قۇدرەتلىك كۈچى مۇجەسسەملەندى.

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ـ قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

### سۈي داچىڭ:

# ئوق تەگكەندىن كېيىنمۇ يەنىلا قارا نىيەتنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋېلىش

**☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى لۇ چاڭ، جاۋ شۇ**



**سۈي داچىڭنىڭ سۈرىتى (ماتېرىيال سۈرەت). ☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان**

بېيجىڭ شەھىرىنىڭ غەربىي 4 ـ ئايلانمىسىغا جايلاشقان فېڭتەي گۈللۈكى ئىچىدە «ئىنقىلابىي قۇربان سۈي داچىڭ مەڭگۈ ھايات» دېگەن خەت ئويۇلغان مىس ھەيكەل ياپيېشىل قارىغاي، ئارچىلار ئارىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بولۇپ، ھەيۋەتلىك ۋە تەمكىن كۆرۈنىدۇ. بۇ يىل سۈي داچىڭنىڭ قۇربان بولغىنىغا 24 يىل بولدى، ھەر قېتىم ئۇنىڭ قۇربان بولغان كۈنىدە بۇ يەردە ھەمىشە خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

سۈي داچىڭ، 1959 ـ يىلى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ فېڭرۇن ناھىيەسىدە تۇغۇلغان، 1980 ـ يىلى 11 ـ ئايدا بېيجىڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى مەكتىپىگە كىرىپ ئوقۇغان، 1981 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن، بېيجىڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى فېڭتەي شۆبە ئىدارىسىگە تەقسىم قىلىنغان، قۇربان بولۇشتىن ئىلگىرى فېڭتەي بازارلىق ساقچىخانىنىڭ مۇئاۋىن ساقچىخانا باشلىقى بولغان، 1 ـ دەرىجىلىك مەسئۇل ساقچىلىق ئۇنۋانى ئالغان، 1985 ـ يىلدىن 1994 ـ يىلغىچە فېڭتەي شۆبە ئىدارىسى تەرىپىدىن شەرەپ بىلەن بەش قېتىم تەقدىرلەنگەن.

كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىدىغان بىر ئىش 1995 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى سەھەردە يۈز بەردى، سۈي داچىڭ بىلەن لىيۇلچياۋ ساقچىخانىسىنىڭ ساقچىسى گەن لىي قاتارلىقلار بىر قېتىملىق مۇشتلىشىپ زەخىملەندۈرۈپ ئۆلتۈرۈشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان دېلونى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىۋاتقاندا، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى تۇتۇش بۇيرۇقى چىقارغان ئېغىر، زور قاتىللىق دېلوسىدىكى قېچىپ يۈرگەن كىشى يۈ گېنجۇ بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغان.

شۇ قېتىمقى كەسكىن جەڭدە ئېغىر يارىلانغان گەن لىي ئەسلەپ مۇنداق دېدى: «ئەينى ۋاقىتتا سۈي داچىڭ بىلەن ئىككىمىز ئەھۋالدىن خەۋەردار كىشىلەرنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ بولغاندۇق، باشقا خەلق ساقچىلىرى يۈ گېنجۇنى ئېلىپ كەينىمىزدىن ماڭغانىدى. بىنانىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە، تۇيۇقسىز ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى خەلق ساقچىسى ‹ئۇ قاچتى، يېنىدا تاپانچا بار ئىكەن!› دەپ ۋارقىرىدى، سۈي داچىڭ ئىككىمىز ئاۋازنى ئاڭلاپ دەرھال ئارقىمىزغا ئۆرۈلۈپ يۈگۈردۇق، ئىككىنچى قەۋەت پەلەمپەي سۇپىسىدا يۈ گېنجۇ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇق».

ئېلىشىش جەريانىدا، يۈ گېنجۇ ئاتقان ئوق ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ گەن لىينىڭ سول بىلىكى ۋە سۈي داچىڭنىڭ بېشىغا تەگكەن. «مەن سۈي داچىڭنىڭ بەدىنىمگە يۆلىنىپ تۆۋەنگە سىيرىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم، يىقىلىپ چۈشۈش ئالدىدا، ئۇ يەنە جىنايەتچىنىڭ سول قولىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ قويۇپ بەرمىدى. مەن ئېتىلىپ بېرىپ يۈ گېنجۇنى قۇچاقلىۋالغان پېتىم، كارىدوردىن پەلەمپەينىڭ ئايلانما جايىغا دومىلاپ چۈشۈپ، ئۇنى ئاستىمغا بېسىۋالدىم. ئېتىلىپ كەلگەن خەلق ساقچىلىرى ۋە بىنا سىرتىدىن بۆسۈپ كىرگەن زوراۋانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئەترىتى خادىملىرىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن يۈ گېنجۇنى بويسۇندۇردۇق» دېدى گەن لىي ئەسلەپ.

سۈي داچىڭ باش سۆڭىكى ئېغىر دەرىجىدە زەخىملەنگەنلىكتىن، دوختۇرخانىدا قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي باتۇرلارچە قۇربان بولدى. سۈي داچىڭ قۇربان بولغاندىن كېيىن، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىكى 1 ـ دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى دەپ تولۇقلاپ نام بېرىلدى، بېيجىڭ شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلاندى ھەم مەملىكەتلىك 1 ـ ماي ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشتى. بېيجىڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، فېڭتەي شۆبە ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىرى ئۇنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىدىن قەرەللىك ھال سوراپ تۇردى ھەم كۆپ خىل شەكىلدىكى خاتىرىلەش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى.

«ھەر قېتىم فېڭتەي گۈللۈكىگە ۋەزىپە ئىجرا قىلىشقا بارغاندا، ھەمىشە ئىختىيارسىز ھالدا داچىڭنىڭ مىس ھەيكىلى ئالدىغا كېلىپ، بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا بىر پەس جىمجىت قاراپ تۇرىمەن.» ئىلگىرى سۈي داچىڭ بىلەن مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ ئون نەچچە يىل جەڭ قىلغان فېڭتەي رايونىنىڭ فېڭتەي بازىرى يۈڭشەن مەھەللىسىدىكى خەلق ساقچىسى لى چۈنخەي ئەسلەپ مۇنداق دېدى: «داچىڭ ئىنتايىن چىقىشقاق، خىزمەتداشلىرىغا، ئاممىغا ئىنتايىن قىزغىن ئىدى. بىز دائىم بىللە ۋېلسىپىت مىنىپ مەھەللىگە بېرىپ جەمئىيەت ئەھۋالى، خەلق رايىنى ئىگىلەپ، پۇقرالارغا بىخەتەرلىك ساۋاتلىرىنى چۈشەندۈرەتتۇق، ئۇ ئاممىنىڭ چوڭقۇر ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشكەن. بەزىدە خىزمەتداشلارنىڭ ئۆيىدە جىددىي ئىش چىقىپ قالسا، داچىڭ ھەمىشە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياردەم قىلاتتى».

لى چۈنخەي مۇنداق دېدى: «ئەينى چاغدا ساقچىخانىدا پەقەت بىرلا ئاپتوموبىل بار ئىدى، ئاپتوموبىل ھەيدەشنى بىلىدىغان، پىراۋا ئالغان پەقەت ئىككىلا ئادەم بار ئىدى، سۈي داچىڭ شۇلارنىڭ بىرى ئىدى، ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن شوپۇرلۇق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالاتتى. «قىشتا ساقچى ئاپتوموبىلى بىلەن ۋەزىپىگە چىقىش بەك ئاۋارىچىلىك ئىدى، ئۇ چاغدا توڭلاشتىن ساقلىنىش سۇيۇقلۇقى يوق ئىدى، ئاپتوموبىل بىلەن ۋەزىپىگە چىقمىغان كۈنلىرى سۇ ساندۇقىنىڭ توڭلاپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئاپتوموبىلدىكى سۇنى ئاققۇزۇۋېتەتتۇق، ئاپتوموبىلنى ئىشلىتىدىغان چاغدا يەنە ئاۋۋال ئىسسىق سۇ قايىنىتىپ سۇ ساندۇقىغا قۇياتتۇق. ئاشۇ بىرنەچچە يىلدا، مەيلى كېچە ياكى كۈندۈز بولسۇن، داچىڭ ھەمىشە ئاپتوموبىلنى ھەيدەپ نەق مەيدانغا باراتتى».

سۈي داچىڭنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى يەنە بىر سەپدىشى لى جىيۇ ئەسلەپ مۇنداق دېدى: سۈي داچىڭ ئىلگىرى ھەر قېتىم جىنايەتچىلەر بىلەن ئېلىشقاندا، ئەزەلدىن قورقۇپ قالمايتتى، ئەزەلدىن چېكىنمەيتتى. «ئۇ يېتەكچى بولغاندا، تەۋەلىك رايوندا دېلو ئەھۋالى كۆرۈلسىلا، ئۇنىڭ سىماسىنى چوقۇم كۆرگىلى بولاتتى. ئەڭ خەتەرلىك ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە، ئۇ ھەمىشە بىرىنچى بولۇپ ئېتىلىپ چىقاتتى، ئۇ دائىم: ‹مەن ساقچىخانا باشلىقى، مەن ئاۋۋال چىقاي!› دەيتتى».

ھەر يىلى 3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، فېڭتەي شۆبە ئىدارىسى يېڭىدىن خىزمەتكە كىرگەن خەلق ساقچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ياش كادىر ـ ساقچىلارنى ئىنقىلابىي قۇربان سۈي داچىڭنى خاتىرىلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىشقا تەشكىللەپ، ئىنقىلابىي قۇربانىنى ياد ئېتىدۇ، قەھرىماننىڭ روھىغا ۋارىسلىق قىلىدۇ. يەنە نۇرغۇن ئامما ئۆزلۈكىدىن سۈي داچىڭنىڭ مىس ھەيكىلى ئالدىغا كېلىپ گۈل تەقدىم قىلىدۇ، يەنە نۇرغۇن ياشانغان كىشى مىس ھەيكەل ئالدىدا نەۋرىلىرىگە سۈي داچىڭنىڭ قەھرىمانلىق ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرىدۇ...

سۈي داچىڭ قۇربان بولغان چاغدا 36 ياشتا ئىدى، ئۇنىڭ يالغۇز ئوغلى سۈي شېندى ئەمدىلا بەش ياشقا كىرگەنىدى. ئون نەچچە يىلدىن كېيىن، سۈي شېندى ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، تيەنجىن جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچى ئوفىتسېرلار كەسپىي شۆبە ئىنىستىتۇتىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، بېيجىڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى شىچېڭ شۆبە ئىدارىسى فۇيوۋ كوچىسى ساقچىخانىسىغا كىرىپ خىزمەت قىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئۈچۈن پوستتا تۇرىدىغان، خەلق ئاممىسى ئۈچۈن كېچىلىك پوستتا تۇرىدىغان «قىزىل تام قوغدىغۇچىسى»غا ئايلاندى.

سۈي شېندى ساقچىخانىنىڭ ياش تايانچ كادىرىغا ئايلاندى. ئۆز خىزمىتى ئۈستىدە توختالغاندا، ئۇ پەخىرلەنگەن ھالدا مۇنداق دېدى: ساقچىلىقتىن ئىبارەت بۇ كەسىپنى ئىنتايىن قىزغىن سۆيىمەن، گەرچە بەزىدە ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقاندا سوغۇق نەزەر، چۈشەنمەسلىكلەرگە دۇچ كەلگەن بولسامۇ، لېكىن ئەزەلدىن ئۆز تاللىشىمدىن پۇشايمان قىلىپ باقمىدىم. ھەر قېتىم مەسىلىگە يولۇققاندا، ھەمىشە دادام بولغان بولسا قانداق بىر تەرەپ قىلاتتى، دېگەننى ئويلايمەن. «مەن ھەر ۋاقىت ئۆزۈمنى دادام دېگەن قەھرىمان، مەن چوقۇم دادامغا يۈز كېلەلىشىم كېرەك! ساقچى فورمىسى كىيگەن ئىكەنمەن، مەن دادامغا ئوخشاش مۇھەببەت ـ نەپرەتتە ئېنىق، خىزمەتكە سادىق، شەخسىيەتسىز ۋە قورقماس بولىمەن، دەپ ئەسكەرتىپ تۇرىمەن» دېدى سۈي شېندى.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

## سەنشى ئۆلكىلىك پارتكومدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشنىڭ ۋەزىپىسى تەڭشەلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** يېقىندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى مۇنداق قارار قىلدى:

يولداش لوۋ ياڭشېڭ سەنشى ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى، يولداش لو خۇيىنىڭ ئەمدى سەنشى ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسىلىق، دائىمىي كومىتېت ئەزاسلىق، ئەزاسلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىمەيدۇ.

## ئاپتونوم رايونىمىز قىسمەن يول ترانسپورت تالون باھاسىنى ئەمەلدىن قالدۇردى ۋە تۆۋەنلەتتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ۋە تۆۋەنلىتىش توغرىسىدىكى جاۋاب خەت»نى بېسىپ تارقىتىپ، بىر تۈركۈم يول ترانسپورت كەسپى تالون باھاسىنى ئېنىقلىدى، تۆۋەنلەتتى. بۇ تەدبىر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىي ئىقتىساد كارخانىلىرىنىڭ تەننەرخىنى يەنىمۇ تۆۋەنلىتىپ، ھەققىي تۈردە كارخانىلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

بۇ قېتىم ئېنىقلانغان، تۆۋەنلىتىلگەن يول ترانسپورت كەسپى تالون باھاسى ئىچىدە 37 تۈر ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولۇپ، بارلىق تۈرلەرنىڭ 59.68%نى ئىگىلىگەن؛ 19 تۈر تۆۋەنلىتىلگەن، ھەق ئېلىش ئۆلچىمىنىڭ ئوتتۇرىچە تۆۋەنلەش ھەجمى 31.92% بولۇپ، تۆۋەنلىتىلگەن تۈرلەر بارلىق تۈرلەرنىڭ 30.65%نى ئىگىلىگەن؛ ئالتە تۈرنىڭ ئەسلىدىكى باھا سەۋىيەسى ئۆزگەرتىلمەي ساقلاپ قېلىنغان بولۇپ، بارلىق تۈرلەرنىڭ 9.67%نى ئىگىلىگەن.

## بۇرچ تۇيغۇسى، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى ھەققىي كۈچەيتىپ، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنىڭ يەنە يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەققىي تۈردە «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى بۇرچ تۇيغۇسى، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىپ، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنىڭ يەنە يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: بۇ يىل قىش، كېلەر يىلى ئەتىيازدىن پايدىلىنىپ، ئەۋزەللىكنى مەركەزلەشتۈرۈپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، زېھنىي كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئېتىز ـ ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشى، يېزا ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش، باغ ـ ئورمانچىلىقنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ـ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش، ھايۋانات ـ ئۆسۈملۈك يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، يېزا ئىگىلىكى مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشتىكى «ئىككى تور» قۇرۇلۇشى قاتارلىق نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى چۆرىدەپ، تەربىيەلەشنى تۇتۇپ، تۈرنى تۇتۇپ، تۈزىتىشنى تۇتۇپ، قىشتىكى ئارىساللىقنى قىشتىكى ئالدىراشلىققا ئايلاندۇرۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ پۇختا ئۈنۈمگە ئېرىشىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: باش شۇجى شى جىنپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان «سۇ تېجەشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، بوشلۇق تەكشى بولۇش، سىستېمىلىق تۈزەش، ئىككى قولدا كۈچەش»تىن ئىبارەت سۇ تىزگىنلەش فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، سۇ بايلىقى بىخەتەرلىكى ئېڭىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، ئېكولوگىيەگە ئىشلىتىدىغان سۇنى بىرتۇتاش ياخشى پىلانلاپ، سۇ بايلىقىنى ئەلالاشتۇرۇپ تەقسىملەش ۋە ئىلمىي، مۇۋاپىق پايدىلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ئەڭ قاتتىق بولغان سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سۇ ئىشلىتىش ئومۇمىي مىقدارى ۋە پىلانلىق سۇ ئىشلىتىشنى باشقۇرۇشنى چىڭىتىپ، ھەققىي تۈردە يەر ئاستى سۈيىنى ھەددىدىن زىيادە ئېلىشنى ئىدارە قىلىشنى ياخشى تۇتۇپ، يېزا ئىگىلىكى سۇ باھاسى ئۇنىۋېرسال ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، سۇ ئىشلىتىش ئۇسۇلىنىڭ يىرىك بولۇشتىن تېجەشلىك، تۈجۈپىلىك بولۇشقا ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولۇپ، سۇ بايلىقىدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى ۋە سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. سۇچىلىق قۇرۇلۇشىدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش، سۇچىلىق ساھەسىدىكى كۈچلۈك نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش تەلىپى بويىچە، سۇچىلىق خىزمىتىنىڭ يەنە يېڭى سەۋىيەگە كۆتۈرۈلۈشىنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: مەملىكەتلىك يېزا تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى ئىدارە قىلىش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىش نەق مەيدان يىغىنى ۋە مەملىكەتلىك يېزا ھاجەتخانىلىرىنى ئۆزگەرتىش ھەم نامرات رايونلاردىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسى، تەلىپى بويىچە، «ملك كەنتتە ئۈلگە كۆرسىتىش، ئون ملك كەنتنى تۈزەش»نى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، ھويلا ـ ئارانلارنىڭ ئىچى ـ سىرتىدىكى «ئالتە ئىش» ۋە كەنتنى تازىلاش ھەرىكىتىدىكى «ئۈچنى تازىلاش، بىرنى ئۆزگەرتىش»نى سىجىل ياخشى تۇتۇپ، قاتالاممۇ قاتالام بېسىم چۈشۈرمەي، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى سىجىل ياخشىلاش كېرەك. شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈش، قولايلىق بولۇش، ماس كېلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا يېزا ھاجەتخانىلىرىنى ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز يىغىنغا قاتناشتى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)